# 174932 - ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسەتسىز چېچىنى بويىشى ۋە كېسىشىنىڭ ھۆكمى

## سوئال

ئەرنىڭ ئايالنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بوياشتىن چەكلىشى توغرىمۇ؟، ئايال شەرىئەتتە يولغا قويغان ئىشلارنى ئېرى رازى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىلسىچۇ؟ گۇناھ - مەئسىيەت بولمايدىغان ئىشلاردا ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ چەك-چېگراسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە ماختاشلار
ئاللاھقا خاستۇر.

ئايالنىڭ
ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ،چۈنكى
ئەر ئۇ ئايالنىڭ ھامىيسى ئاستىدا بولغانلىقى
ئۈچۈندۇر.بۇ
ھەقتە ئاللاھتائالا
مۇنداق دەيدۇ:﴿ٱلرِّجَالُ
قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ﴾تەرجىمىسى: «ئەرلەر
ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» [سۈرە نىسا
34-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئىبنى كەسىر(ئاللاھ
ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)،ئەلي
ئىبنى ئەبى تەلھەنىڭ ئىبنى ئاببباس
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن«ئەرلەر
ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر»دېگەن
ئايەتنى تۆۋەندىكىدەك
تەپسىرلىگەنلىكىنى بايان قىلدۇ:ئەرلەر
ئاياللارنىڭ ئەمىرلىرى.يەنى
ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشى،ئاللاھ

بۇيرۇغان ئىشلاردا ۋە ئۆز ئەھلىگە
ياخشىلىق قىلىشتا،ئىبرىنىڭ
مال-دۇنياسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا بولىدۇدىگەن.شۇنىڭغا
ئوخشاشلا مۇقاتىل ۋە سەددىي،دەھھاكلارمۇ
شۇنداق دىگەن.[تەپسىر
ئىبنى كەسىر 2293].

ئايالنىڭ
ئىرىگەئىتائەت
قىلىشى ۋاجىپ بولغان ئىشلار ئىچىدىن، تۆۋەندىكى ئىككى
تۈرلۈك ئىش مۇستەسنادۇر:

بىرىنچى:گۇناھ-مەئسىيەتكە
ئىلىپ بارىدىغان ئىشلاردا ئەرگە ئىتائەت قىلمايدۇ.يەنى
ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى تەرك قىلىش ياكى هارام ئىشلارنى قىلىشقا
بۇيرۇلغاندا، ئايالنىڭ ئىرىگە ئىتائەت قىلىشى
جايىز بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دىگەن:
**«ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش**
**بەدىلىگە، بەندىگە ئىتائەت قىلىش يوق.»**[بۇخارى
رىۋايىتى6830- ۋە مۇسلىم
رىۋايىتى1840-ھەدىسلەر].

ئىككىنچى:ئەرگە
ئىتائەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئايال ئۇچۇن زىيانلىق
ياكى ئۇ ئايالنىڭ ھوقۇقى دەخلىگە ئۇچراشقا
ئىلىپ بارىدىغان ئىشلار بولسا،بۇ
ھالەتتە ئايالنىڭ ئىرىگە ئىتائەت قىلىشى
ۋاجىپ بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە

مۇنداق دېگەن:«شۈبھىسىزكى، ئىتائەت قىلىش ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.»[بۇخارى رىۋايىتى].

يەنە بىر

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«ئۆزىگىمۇۋەباشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈش يوق.»[ئىبنى ماجە ۋە دار قۇتنى رىۋايىتى].

ئايالنىڭ

چېچىنى كېسىشى ۋە بويىشى شەرتلىك ئەھۋالدا جايىز بولۇپ، ئۇلارنىڭئەرلەرگە،كاپىرۋەپاسىق ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشتىن ساقلىنىشى ھەمدە قارا بوياقتا بويىماسلىقى كېرەك.

ئەگەر

ئېرى ئايالىنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بويىشىغارۇخسەت قىلمىسا، ئۇ ئىشلارنى قىلىشى جايىز بولمايدۇ.شۇنداقلا ئەر ئايالىنى گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇمىسىلا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ.

چاچ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى

نامايەن قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنداقلا ئايالنىڭ ئۆز ئېرى ئۈچۈن

گۈزەللىنىشى ئەرنىڭ ھەققىدىندۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىسىنى

بىلگۈچىدۇر.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:

نىزامىددىن تەمكىنى